# ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى بەكرى ئەسسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنى مەيدەمگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزغان ئىدىم. ئابدۇرراھماندا بىر ھۆل مىسۋاك بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ قارىدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەندە، مەن رەسۇلۇللاھنى مەيدەمگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزغان ئىدىم. ئابدۇرراھماندا چىشنى مىسۋاكلاۋاتقان بىر ھۆل مىسۋاك بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ قارىدى. مەن مىسۋاكنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ئۇچىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ ئاندىن يۇمشىتىپ بەردىم. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن چىشنى مىسۋاكلىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى مىسۋاكلىغان ھالنى كۆرمىگەنىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بىكار بولۇپلا قولىنى (ياكى بارمىقىنى) كۆتۈرگەن ھالدا، ھەممىدىن ئالى ئىلاھىمنىڭ قېشىغا بېرىشنى خالايمەن، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى. ئاندىن جان ئۈزدى. ئائىشە ئانىمىز: مېنىڭ قۇچىقىمدا ۋاپات بولدى، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر قىسسىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسۋاكنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئائىشەنىڭ بىر تۇغقىنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى بەكر ى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەكراتتا ئىدى، ئابدۇرراھمان بىر ھۆل مىسۋاكتا چىشىنى مىسۋاكلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مىسۋاكنى كۆرگەندە، ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇ كېسەل ۋە سەكراتتىكى ھالى مىسۋاكقا بولغان مۇھەببىتىنى مەشغۇل قىلالمىدى، بەلكى شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى خالىغاندەك قىلىپ كۆزىنى تىكتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى چۈشەندى ۋە بىر تۇغقىنىدىن مىسۋاكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى چىشى بىلەن كېسىۋېتىپ ياخشى پاكىزلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن چىشنى مىسۋاكلىدى، ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى مىسۋاكلىغان ھالنى كۆرمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسۋاكلاپ پاكىزلىقىدىن بىكار بولغاندا، بارمىقىنى كۆتۈرۈپ كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتتى، ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىغا كېتىشنى تاللىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپتى. ئائىشە ئانىمىز بۇ ئىشتىن خۇشال ئىدى. ئۇ خۇشال بولۇشقا ھەقلىقتى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى ئۇنىڭ مەيدىسىدە تۇرۇپ جان ئۈزگەن ئىدى